دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى:

# يالغاندىن كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش چوتىنى خاتا سوققانلىق

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. مەزكۇر قانۇن لايىھەسى جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئەھۋالىغا قەستەن داغ تەگكۈزۈپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتىگە بوھتان چاپلىدى، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ھەق - ناھەقنى ئايرىماي، ھەققانىيەتكە خىلاپلىق قىلىپ، قوش ئۆلچەم قوللاندى، شىنجاڭنىڭ ئىشىغا تەپ تارتماي قول تىقىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلدى، بىز بۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمىزنى ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇيۇشقان ئىشچىلار سىنىپى ئاممىۋى تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز شىنجاڭدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 4 مىليوندىن ئارتۇق ئەزاسىغا ۋاكالىتەن كەسكىن باياناتى ئېلان قىلىمىز:

تېررورىزم، ئەسەبىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. ئەنگلىيە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە چېتىشلىق كىشىلەر ئۈچۈن «ۋاز كېچىش ۋە ئايرىلىش» (DDP) تۈرى تەسىس قىلدى، فىرانسىيە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى چوڭ رايونلاردا ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەركىزى تەسىس قىلدى، ئامېرىكىمۇ «مەھەللىدە تۈزىتىش» تەدبىرىنى يولغا قويدى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. بىرقەدەر ئۇزاق بىر مەزگىلدە، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» مىللەت، دىننى دەستەك قىلىپ، ئاممىنىڭ ساددا مىللىي، دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، ھە دەپ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىپ، «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» قاتارلىق بىمەنە سەپسەتىلەرنى تەرغىب قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇشقا قايمۇقتۇردى، قۇتراتتى، 1990 - يىلدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، جەمئىيەت تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئېغىر تەسىرگە ئۇچراتتى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى. شۇڭا، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش، ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سىڭىپ كىرىپ يامرىشىنى توسۇش شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى. لېكىن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ شىنجاڭدا پەيدا قىلغان زوراۋانلىقنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇقنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمىدى، بۈگۈنكى كۈندە، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاش ئارقىلىق «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ يەل بېرىشكە ئۇرۇنۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق، مال - مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى قانات ئاستىغا ئالدى، ئۇلارغا يان باستى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى قانۇن بويىچە يولغا قويغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنىڭغا زەربە بېرىش بىر يۈرۈش تەدبىرلىرىنى ئۆكتەملىك بىلەن ئەيىبلىدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە چىن كۆڭلىدىن ياردەم بەرگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ۋە جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»دىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونى توسۇش، پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل سۇيىقەستى.

كىشىلىك ھوقۇق بىر جۈملە شوئارلا ئەمەس، ئۇ چوقۇم كونكرېت ۋە ئەمەلىي بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى، ئامېرىكىنىڭ ئۆزى كۆككە كۆتۈرۈۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىكى كونكرېت ئىپادىسى ئۆزى ماختاپ ئۇچۇرغان «كىشىلىك ھوقۇق مۇھاپىزەتچىسى» بىلەن كۈچلۈك ئەكس پەرق پەيدا قىلدى. خەلقئارادا، 2019 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق قانۇنسىز كۆچمەن بالىنى قاماپ قويغانلىقىنى، باللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ كۆپ قېتىم يۈزبەرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئامېرىكا - مېكسىكا چېگراسىدا قانۇنسىز كۆچمەنلەرنى توسۇپ، ئائىلىنى مەجبۇرىي تارقىتىۋېتىش، قان قېرىنداشلارنى ئايرىۋېتىش قىلمىشىنى توختىتىشنى مۇراجىئەت قىلدى؛ 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى بىرگە قارشى 37 ئاۋاز بېرىش نەتىجىسى بىلەن، «بېيجىڭ خىتابنامىسىنىڭ 25 يىللىقى — جىنسىي باراۋەرلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئاياللارغا ھوقۇق بېرىش ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونى مىنىستىر دەرىجىلىكلەر خىتابنامىسى»نى ماقۇللىدى، ئامېرىكا بىردىنبىر قارشى ئاۋاز بەردى، بىر قىسىم دۆلەتلەر جۈملىدىن ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمۇ ئاشكارا پىكىر بايان قىلىپ ئامېرىكىنىڭ جاھىل مەيداندىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى بىلدۈردى؛ 2018 - يىلى 3 - ئايدا، جەنۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 37 - قېتىملىق يىغىنى بىرگە قارشى 28 مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن «كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدە ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» قارارىنى ماقۇللىدى، ئامېرىكا يەنىلا ئەينى ۋاقىتتا قارشى ئاۋاز بەرگەن بىردىنبىر دۆلەت. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدە ئىرقىي كەمسىتىش ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، سانى ئاز مىللەتلەر توپى ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىش ھەققى قاتارلىق جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك پايدىسىز ئەھۋالدا تۇرىدۇ، تۆتتىن بىر قىسمىدىن ئارتۇق ئافرىقا پۇشتىدىن بولغان ئائىلىلەرنىڭ ساپ مۈلكى نۆل ياكى مەنپىي سان بولىدۇ، زىيارەتنى قوبۇل قىلغان 42% ئامېرىكا ئاممىسى ئامېرىكىنىڭ ئىرق مۇناسىۋىتىدىن ئىنتايىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، 58% زىيارەتنى قوبۇل قىلغۇچى ئىرقچىلىقنى ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى بىر چوڭ مەسىلە دەپ قارىدى؛ گاللۇپ مەسلىھەت بېرىش شىركىتى تور بېكىتى ئېلان قىلغان تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 46% ئامېرىكىلىق ئايال زىيارەتنى قوبۇل قىلغۇچى ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىدىن نارازى ئىكەنلىكى ياكى ئىنتايىن نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن، بۇلتۇر 1 - ئايدا، ئامېرىكىدىكى نەچچە مىليون كىشى «2018 ئاياللار نامايىشى»غا قاتنىشىپ، جىنسىي پەرق سىياسىتىگە كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بارلىق تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئىچىدە، ئامېرىكا بىردىنبىر فېدېراتسىيە قانۇنىدا ئەمگەكچىلەرنىڭ مائاشلىق دەم ئېلىشتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى بەلگىلەنمىگەن دۆلەت، شۇنداقلا «ئومۇمىي خەلق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى»نى يولغا قويمىغان بىردىنبىر دۆلەت. ئەمەلىيەت شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئامېرىكا ھەرگىزمۇ «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچى» ئەمەس، بەلكى كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغۇچى، ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا قول تىقىپ ئارىلىشىشقا قانداق سالاھىيىتى بولسۇن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاچقا، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈزبەرمىدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، مۇقىملىق پايدىسى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلدى. ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش داۋامىدا، شىنجاڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى تەكشەپ ۋە كەسىپ سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇردى، زورايتتى. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى كەسىپكارلار 10 مىليونغا يېقىن، ھازىر بار بولغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى 4 مىليون 163 مىڭ ئادەم، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئىشچىلىرى تەخمىنەن 2 مىليون 500 مىڭ ئادەم بولۇپ، بۇنى 1949 - يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە شىنجاڭدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى ئاران 28 مىڭ ئادەم بولۇش، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئىشچىلىرى ئاران 940 ئادەم بولۇشتەك ئەھۋالغا سېلىشتۇرغاندا ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدۇ! پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، ھەر قېتىم روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتتا ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى يوقلايدۇ ۋە ئۇلاردىن ھال سورايدۇ ھەم قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بىر قاتار دائىملاشقان ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، 2020 - يىلغا بارغاندا پۈتۈن شىنجاڭدىكى قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە كىرىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىشقا قاتنىشىشى بارغانسېرى كېڭەيدى، مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مېدالى ۋە شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالى قاتارلىق تۈرلۈك باھالاش، تەقدىرلەشلەردە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 40%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، تېخنىكا ماھىرلىرى، تىيانشان ھۈنەرۋەنلىرى قاتارلىق ئىختىساسلىقلار ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نېفىت، پولات - تۆمۈر، كۆمۈرچىلىك ساھەسىدىكى سانائەت ئىشچىلىرى بار، يەنە داشۆ، دوختۇرخانا، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىدىكى زىيالىيلارمۇ بار، بۇ شىنجاڭنىڭ غايەت زور تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، ھېچقانداق كىشى بۇنى يوققا چىقىرالمايدۇ! شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېررورىزم، ئەسەبىزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ياكى جىنايەت قىلمىشى بار كىشىلەر ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇپ قېلىندى، ئۇلار دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ھەمدە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئوقۇتۇش دەرسلىكلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، دۆلەت ئورتاق تىلنى ئىگىلەپ، توقۇمىچىلىق، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك ماھارەتنى ئىگىلەپ، دېھقاندىن سانائەت ئىشچىسىغا ئايلىنىشتەك ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى ھەم ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشتى، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

بىز ئامېرىكا تەرەپنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمىزكى، شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق چەت دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويمايمىز. ئامېرىكا تەرەپنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قانۇن لايىھەسى جۇڭگو تەرەپنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىگە قەستەن قارا چاپلىدى، بۇ پەقەت ئۇنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچىمىنى يەنىمۇ ئاشكارىلاپ، جۇڭگو خەلقىگە ئۇنىڭ ساختا ئەپت - بەشىرىسى ۋە رەزىل غەرىزىنى يەنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. بىز ئامېرىكا تەرەپنى خاتالىقنى دەرھال تۈزىتىپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى باھانە قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشنى توختىتىشقا رەسمىي يوسۇندا نەسىھەت قىلىمىز.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«بۇ يىللاردا، شىنجاڭدا ئۆزگىرىش ناھايىتى چوڭ بولدى، ئىلگىرى ئائىلىسىدە بىكار ئولتۇرغان يېزا ياشلىرى تېخنىكا ئۆگىنىپ، خىزمەت تېپىپ، خېلى ياخشى كىرىم قىلىدىغان بولدى، ناھايىتى كۆپ كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆيىدە ئامانەت پۇلى بار بولدى، بەزى ياش ئەر - خوتۇنلار پىكاپ سېتىۋالدى، يۇرتداشلارنىڭ كۈنلىرى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى. مۇقىم بولغان، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت، ئۈمىدكە تولغان گۈزەل تۇرمۇش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بوشاشماي تىرىشىشى ئارقىلىق قولغا كەلگەن. بىز ئاسان قولغا كەلمىگەن بەختلىك تۇرمۇشنى چوقۇم ھەسسىلەپ ئاسرايمىز، ھەسسىلەپ قەدىرلەيمىز» دېدى مەتسەيدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن كۆزەتكۈچىسى دىلشات مۇھەممەت مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئامېرىكىنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق»نى باھانە قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشى، شىنجاڭغا بوھتان چاپلىشى، قارا چاپلىشى خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ئاساسىي ئېقىم ئەلرايىغا پۈتۈنلەي زىت بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچىمىنى يەنىمۇ ئاشكارىلىدى. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» يامانغا يانتاياق بولغانلىق، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش ھامان باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ خەۋپ يەتكۈزىدۇ. «بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش مۇساپىسىگە كاشىلا قىلالمايدۇ» دېدى دىلشات قەتئىي ھالدا.

**■ تېررورىزم، ئەسەبىزمنى يوقىتىش شىنجاڭدىكى ئەڭ ياخشى كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتى**

«ئۆتكەنكى بىر مەزگىلدە، ‹ئۈچ خىل كۈچ› ئىنتايىن غالجىرلىشىپ، شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنى سادىر قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ھە دەپ قوش ئۆلچەم قوللىنىشى تېررورلۇق قىلمىشىغا يول قويغانلىق، كۈشكۈرتكەنلىك.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى جۆەن مۇنداق دېدى: شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر مىللەت، دىن، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. شىنجاڭ باشتىن - ئاخىر قانۇنچىلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى»دىن ئىبارەت ئىككى يەرلىك قائىدە - نىزامنى تۈزۈپ ھەم تۈزىتىش كىرگۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈردى. كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇن بويىچە بىر قاتار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىپ، مەنبەدىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈردى. بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىلغىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈزبەرمەسلىككە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇقلىرىنى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلەندۈردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

مەممەت ئېلى شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار مەنزىرە رايونىدىكى سودىگەر، ئۇنىڭ بۇ يەردە دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلىۋاتقىنىغا 17 يىل بولغان بولۇپ، مەنزىرە رايونىنىڭ ئەڭ دەسلەپتىكى «يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى»دىن ھازىرقى «سودا ساراي»غىچە بولغان ئۆزگىرىشكە گۇۋاھ بولغان، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن.

«ئىناق، مۇقىم بولغان جەمئىيەت مۇھىتى شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى. شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار مەنزىرە رايونى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن جەلپ قىلدى، بىزنىڭ تىجارىتىمىز كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولۇۋاتىدۇ، بىزنىڭ ئىناق، گۈزەل تۇرمۇشىمىز دەل ئامېرىكىدىكى ئاشۇ يامان غەرەزلىك كىشىلەرگە بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە» دېدى مەممەت.

«شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە قارىتا، پەقەت بۇ يەردە ياشاۋاتقان شىنجاڭ خەلقىلا ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. كىچىككىمدىن ھازىرغىچە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولۇمدا يول بويى مېنى قوغداپ كەلدى، مۇشۇنداق چوڭ ئائىلىدە ياشاۋاتقانلىقىمدىن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىمەن.» شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسى ئىقتىساد شۆيۈەنىنىڭ يېزا رايون تەرەققىياتى 2017 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى مەدەت مەرىيەك ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»دىن كۈچلۈك غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلدۈردى.

**■ شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن**

قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر. شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىر مۇختەر ياسىن ئىلگىرى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى كۆپ قېتىم نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيە قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەسىراتى تولىمۇ چوڭقۇر.

«مەن تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئازادە، يورۇق ئوقۇتۇش بىناسىدا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى، كىيىم - كېچەك پىششىقلاش قاتارلىق كەسپىي ماھارەتلەرنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بىر قىسىم تەربىيەلەنگۈچىلەر بىرەر ماھارەتنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئائىلىسىنىڭ نامرات قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى. ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى› پاكىتنى بۇرمىلاپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى، بۇ پۈتۈنلەي يالغان - ياۋىداق سۆز!» دېدى مۇختەر ياسىن.

«دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى، قانۇن، قانۇن - نىزاملارنى ئۆگەنگىلى، يەنە بىر تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. كۆپچىلىك مەكتەپتە ھەر كۈنى ناھايىتى خۇشال ئۆتىدۇ، كۆڭۈللۈك ھالدا ئۆگىنىش ۋە مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ.» بۇلتۇر 4 - ئايدا، خوتەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە قاتناشقان تۇنىسا مەتروزى مۇنداق دېدى: «مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش - چاچ گۈزەللەشتۈرۈشنى ئۆگەندىم، بۇ يىل 2 - ئايدا تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئاياللار ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ياردەم پۇل مەبلىغى ئىلتىماس قىلىپ، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئاچتىم. مېنىڭ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنىمنىڭ ئىسمى «مېيلەيىر»، قەدەم تەشرىپ قىلغانلىكى خېرىدار گۈزەللىشىدۇ، يەنە خۇشال بولىدۇ، دېگەن مەنىدە. مەن ھازىر بىر ئايدا 6000 يۈەن كىرىم قىلىمەن. مېنىڭ دەيدىغىنىم، ئاياللار قېرىنداشلار كۈنلىرىمىزنى ياخشى ئۆتكۈزۈشىمىز، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىماسلىقىمىز كېرەك. بەختلىك تۇرمۇشنى ئىككى قولىمىز ۋە تىرىشچانلىقىمىزغا تايىنىپ يارىتىشىمىز كېرەك!»

«شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، تامامەن توغرا.» قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى قەشقەر شۆبە شۆيۈەنى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى گو ۋېيئەن مۇنداق دېدى: بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پەقەت يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرغاندىلا، ئەمەلىيلەشتۈرگەندىلا، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، پەرىزات ئابدۇل، شى شىن، جاۋ شىيا، خەن چىنيەن، خېي خۇڭبى، جېڭ جو، جاۋ جيۈن، گې يۈجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ئەن تاۋ، لى يوجۇڭ يازغان)**